PUBLISHED BY EASTERNTURKESTAN (UYGHURISTAN) NATIONAL CONGRESS



# ئىستىقلال
# ISTIKLAL

قوش ھەپتىلىك
سىياسىي ـ ئىلمىي گېزىت

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » ئورگان گېزىتى

2000 ـ يىلى 10 ـ ئاي
19 ـ سان

## شۋېتسىيەدە خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى



ساناۋەر زايىت قىزىنىڭ ستوكھولمدىن بەرگەن خەۋىرى: 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شۋېتسىيە پايتەختى ستوكھولم شەھىرىدە « شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى » رەھبەرلىكىدە، شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى نامايىشقا شۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان، « ئۇيغۇر » دېگەن نامدىن پەخىرلىنىدىغان بارلىق چوڭ ـ كىچىك ئۇيغۇرلار ئاكتىپ قاتناشتى. بۇ نامايىش خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 51 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ بىر نارازىلىق نامايىشى ھېساپلىنىدۇ. شۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىمىز ۋە شۋېتسىيەلىك كۆپلىگەن دوستلار ستوكھولم شەھىرىنىڭ مەركىزىي كوچىلىرىدا، ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىمىزنى ۋە تۈرلۈك لوزۇنكا، پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ، خىتاي ئەلچىخانىسى تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلدى. ھەممە « ئازاتلىق، ئەركىنلىك، ھۆرلۈك، مۇستەقىللىق، بىزمۇ ئەركىنلىكنى خالايمىز » دېگەن مەزمۇنلاردا شۇئارلار ياڭرىدى ۋە شەرقىي تۈركىستان داۋاسى توغرىسىدىكى تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقىتىلدى. نامايىش خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا بىرقانچە سائەت داۋام قىلغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا « شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى » تەرىپىدىن خىتاي ئەلچىخانىسىغا نارازىلىق خېتى تاپشۇرۇلدى.

## قۇرۇلتاي دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى غۇلامىددىن ئەخمەت پاختا ئا ق ش تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشتى



« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋە نيۇيوركتىكى « شەرقىي تۈركىستان مىللىي تەتقىقات مەركىزى » نىڭ رەئىسى غۇلامىددىن ئەخمەت پاختا 11 ـ ئۆكتەبىر كۈنى ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتوندا ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى خىتاي ئىشلىرى بۆلۈمى، ئىنسان ھەقلىرى بۆلۈملىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ 4 نەپەر ئەزاسى بىلەن كۆرۈشتى.

غۇلامىددىن ئەخمەت پاختا بۇ كۆرۈشۈشتە ئۇلارغا، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتا قىرغىنچىلىق ۋە ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقى، غەربىي رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش باھانىسىدا شەرقىي تۈركىستانغا كۆپلەپ خىتاي كۆچمەنلىرىنى يۆتكەۋاتقانلىقى... ھەققىدىكى بىر قاتار قىلمىشلىرى پاش قىلىنغان دوكلاتنى تاپشۇردى.

بۇ قېتىمقى سۆھبەت بىر يېرىم سائەتتىن كۆپرەك داۋام قىلدى، غۇلامىددىن ئەخمەت پاختا سۆھبەتنىڭ ئاخىرىدا ئۇلاردىن ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇش ئارزۇسى بار ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئامېرىكىغا كېلىپ ئوقۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

## ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن پارتلاشتىن كېيىن . . .

### خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدىكى پارتلاش توغرىسىدا دۇنيا جامائەتچىلىكىدىن نېمىنى يوشۇرماقچى؟

9 ـ سېنتەبىر كۈنى ئۈرۈمچىدە ئوق ـ دورا قاچىلانغان بىر ھەربىي ماشىنىنىڭ پارتلىشى نەتىجىسىدە ئاتمىشتىن كۆپرەك كىشى ئۆلدى ۋە بىرنەچچە يۈز كىشى يارىلاندى. بۇ پارتلاش ھادىسىسى خىتاي باش مىنىستىرى جۇ رۇڭجىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرىۋاتقان ۋە خىتاي دۆلەت رەئىسى جاڭ زېمىننىڭ ب د ت تەرىپىدىن بېكىتىلگەن مىڭ يىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئالىي دەرىجىلىك يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن نيۇيوركقا كېلىپ، ئا ق ش پرېزىدېنتى بىل كلىنتون بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىغا توغرا كەلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ پارتلاش ھادىسىسىنىڭ خەلقئارادا دۆلەتنىڭ شان ـ شەرىپىگە يەتكۈزىدىغان زىيىنىنى ۋە شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي

( داۋامى 4 ـ بەتتە )

« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشر قىلدى

## قازاقىستاندىكى « نارۇگۇم » جەمئىيىتى « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » غا يازغان خېتى

مۆھتەرەم « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ ۋەكىللىرى،

سىلەرنىڭ ئەۋەتكەن مەكتۇبىڭلارنى ئېلىپ ناھايىتى خوشال بولدۇق.

بىرىنچىدىن چوڭلارغا ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن مەسلەھەت سورىغىنىڭلار خۇرسەن قىلىدۇ. ئىككىنچىدىن « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ پائالىيەتلىرى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىۋاتىدۇ. بۇ قازاقىستاندىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنى روھلاندۇرىدۇ ۋە كېلەچەككە ئۈمىت ئارتىدۇ.

ئويلايمىزكى، ياشلارنىڭ بىر يەرگە توپلۇنۇشى چوڭلارغىمۇ ئۆز تەسىرىنى يەتكۈزدى. ھەم شۇنداقلا « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىدە مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ سەۋەپچى بولدى.

ئەلۋەتتە، دۇنيا سەھنىسىدە ئىككى چوڭ قۇرۇلتاينىڭ شەكىللىنىشى ئۇيغۇرلار ھاياتىدىكى چوڭ تارىخىي ۋاقىئە. ئۇلارنىڭ پائالىيىتىگە باغلىق خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولىدىغانلىقى شۈبھىسىز.

بولۇپمۇ بىزنى 3 ـ ئۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىدا « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ـ ئالاقىسى رەسمىي مۇزاكىرە قىلىنماقچى ئىكەنلىكى خوشال قىلدى. دېمەك، ياشلار قۇرۇلتىيى مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ مۇھىم بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ نامىدىن ئۆزلىرىگە تارىخىي ۋەزىپىلەرنى ئالىدۇ.

دەرھەقىقەت، شۇ چاغدىلا ھەر ئىككى قۇرۇلتاي خەلقىمىز ئالدىدا بۇرچ ـ ۋەزىپىلىرىنى تەنتەنىلىك ئادا قىلىدۇ.

ئەمما ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ يۈزلىنىش ئېقىمى تامامەن باشقا بىر تەرەپكە بۇرۇلۇپ كېتىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئىككى قۇرۇلتاي ئارىسىدا قارىمۇ ـ قارشىلىقنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقى ئېنىق، ئىشەنچىمىز كامىلكى، ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبەرلىرى ئەنە شۇنداق شارائىتنىڭ شەكىللىنىشىگە يول قويمايدۇ.

ئۆز نۆۋىتىدە « نارۇگۇم » جەمىيەتلىك پوندى ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئۇتۇقلۇق ئۆتىشى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋىي ياردەم بېرىشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن: « نارۇگۇم » جەمىيەتلىك پوندىنىڭ رەئىسى د. سامساقوۋا

2000 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇست
قازاقىستان

## قازاقىستان ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋەكىللىرىنىڭ « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » غا يازغان خېتى

بىز، قازاقىستاندا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئاياللىرى مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ھەممە ۋەتەنداشلىرىمىزغا سەممىي مۇراجىئەت قىلماقچىمىز:

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈگۈنكى ھاياتى ھەم كېلەچىكى ناھايىتى ئېغىر ۋە تەشۋىشلىك، خەلقئارالىق ۋەزىيەتمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىر ئەھۋالى دىققەت نەزەردىن يېتەرلىك ئورۇن ئالالمايۋاتىدۇ.

بىز ئايال سۈپىتىدە ئائىلىلەرنى ساقلاش ئۈچۈن تىنچلىق، خاتىرجەملىك، ئۆز ـ ئارا چۈشىنىش بىلەن ئىناقلىقنى ئەڭ مۇھىم نەرسىلەر دەپ قارايمىز. شۇ نوقتەئى نەزەردىن قارىغاندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرىدە مۇھىم رول ئويناۋاتقان سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ خەلقىمىزنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇشى ۋە مۇھىم ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنى چۈشىنىش، ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملەش بۈگۈنكى كۈننىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىسى دەپ قارايمىز.

گېرمانىيەدە پائالىيەت يۈرگۈزىۋاتقان « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » بىلەن « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ئۆز ئالدىغا ئىش ئېلىپ بارماقتا. بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئىش ـ پائالىيىتى ھەممىمىزنى قانائەتلەندۈرمەكتە ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلقىمىز كېلەچىكىدىن چوڭ ئۈمىتلەندۈرمەكتە. ئەمما بۈگۈنكى ئىقتىسادى قىيىنچىلىقلار شارائىتىدا بىرقانچە تەشكىلاتلارنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش، ئۇچرۇشۇشلارنى پات ـ پات ئۇيۇشتۇرۇش مەسىلىلىرى ئۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرماقتا. شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك، يۇقۇرىدا ئاتالغان ئىككى تەشكىلاتنىڭ بىرلىشىپ پائالىيەت يۈرگۈزۈشى ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر. ئىشىنىمىزكى، بۇ پىكرىمىزنى كەڭ ئامما قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدۇ.

قازاقىستان ئۇيغۇر ئاياللىرى نامىدىن :

1. پاتىگۈل سابىتوۋا ـ پىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزاتى.
2. تۇرسۇناي ئايىپوۋا ـ ناھىيەلىك مەدەنىيەت مەركىزى ئاياللار باشلىغى.
3. پاتەم ھاجىم ـ مۆتىۋەر ئانا.
4. گۈلنۇر مۇسايىۋا ـ تىجارەتچى.
5. گۈلىستان قادىروۋا ـ تىجارەتچى.
6. ھەدىيەم ئەخمەتوۋا ـ پىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزاتى ۋە يالغۇز ئادەملەرنى ئىجتىمائىي ھىمايە قىلىش « ئابا » مەركىزىنىڭ رەھبىرى.
7. قاپىيەم ئابدۇللايېۋا ـ ئىقتىسات پەنلىرىنىڭ دوكتورى، « بوستان » پوندىنىڭ رەئىسى.
8. زېرىخان يۇسۇپوۋا ـ
9. ئەختىرەم ئەخمەتوۋا ـ ئالمۇتا شەھەرلىك ئاياللار كومىتېتىنىڭ رەئىسى.
10. گۈلنۇر جالانوۋا ـ « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى.
11. دىلبىرىم سامساقوۋا ـ « نارۇگۇم » جەمىيەتلىك پوندىنىڭ رەئىسى.

## شۋېتسىيەدە « شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى » نىڭ يىللىق سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى

ساناۋەر زايىت قىزىنىڭ ستوكھولمدىن بەرگەن خەۋىرى: 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شۋېتسىيە « ش ت ج » نىڭ يىللىق سايلام ۋە ھېساۋات يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن جەريانىدا جەمئىيەت رەئىسى پارۇق سادىق ۋە تەپتىش باشلىغى ئەركىن روزى جەمئىيەتنىڭ بىر يىل ئىچىدە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ھەققىدە دوكلات بەردى.

شۋېتسىيە « ش ت ج » 97 ـ يىلى غۇلجا « فېۋرال قىرغىنچىلىقى » نىڭ ئىنكاسى بىلەن پەقەت بىرنەچچە كىشى تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، كېيىنكى 3 يىل ئىچىدە ياۋروپادىكى چوڭ بىر تەشكىلاتقا ئايلاندى. بۇ جەمئىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيان ھەر تۈرلۈك ساھەلەردە پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا. جەمئىيەتنىڭ بىردىن ـ بىر ۋەزىپىسى — ۋەتەن داۋاسىنى ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىشتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى شۋېتسىيە جامائەتچىلىكىگە تونۇتۇشتىن ئىبارەتتۇر. شۋېتسىيە ش ت ج « ئۇيغۇر قىزلىرى » ئۇسسۇل ئۆمىكىنى ۋە ئۇيغۇر پۇتبول كوماندىسىنى تەشكىللەپ، ستوكھولم شەھىرىدە رەسمىي مۇسابىقىلەرگە قاتناشتۇردى. نەتىجىدە « ئۇيغۇر » دىگەن نام پەقەت سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتىلا ئەمەس، بەلكى سەنئەت ۋە تەنتەربىيە ساھەسىدىمۇ كەڭ كۆلەمدە تونۇلۇشقا باشلىدى.

سايلام جەريانىدا جەمئىيەت ئىشلىرىنى يەنىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن كۆپ تەكلىپ ـ پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئاخىرىدا جەمئىيەتنىڭ يېڭى رەھبەرلىك ھەيئىتى سايلىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، پارۇق سادىق جەمئىيەت رەئىسى، مۇستاپا باشتاغ باشكاتىپ، بابۇر مەسئۇت مالىيە مەسئۇلى، ئەركىن روزى تەپتىش باشلىغى بولۇپ سايلاندى.

## بېيجىن « رەھىمسىزلىك بىلەن زەربە بېرىپ، كۆپ تەرەپتىن كونترول قىلىش » سىياسىتىنى قوللانماقتا

بېيجىن ھۆكۈمىتى شىنجاڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى توسۇش ئۈچۈن كۆپ تەرەپتىن بىر تۇتاش كونترول قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزمەكتە.

1 - رەھىمسىزلىك بىلەن زەربە بېرىش.

خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ سىياسەتنىڭ چاقىرىقى ئاستىدا شىنجاڭ مۇستەقىللىق كۈچلىرىگە قارىتا كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن ئېلىپ بارماقتا. ھەتتا ھەربىي تىك ئۇچار ئايروپىلانلارنى ئىشقا سېلىپ، تاغلىق رايونلاردا ئاختۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. تۇتۇلغانلارنى سوت مەھكىمىسى جىنايىتى بار دەپ ھۆكۈم چىقارغان ھامان دەرھال ئېتىپ ئۆلتۈرىۋاتىدۇ. بۇ يىل بىرىنچى ئايدا خىتاي ھۆكۈمىتى 5 نەپەر مۇسۇلمان بۆلگۈنچىگە ئۆلۈم جازاسى بەردى.

2 - توخۇ ئۆلتۈرۈپ مايمۇننى ئاگاھلاندۇرۇش.

خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭ مۇستەقىللىق تەشكىلاتلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ گۇمان قىلغان كىشىنى دەرھال قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ.

3 - سىرىتنى توسۇش، يەنى دىپلوماتىك يول بىلەن شىنجاڭ مۇستەقىللىق كۈچلىرىنى كونترول قىلىش.

شىنجاڭ مۇستەقىللىق كۈچلىرىنى قوللىغان ۋە ھىمايە قىلغان تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە قارىتا خىتاي ھۆكۈمىتى 1998 - يىلى ب د ت دىكى بەش دائىمى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۈركىيە بىلەن زىمىن داۋاسى قىلىۋاتقان گىرېتسىيەنى قوللاپ، قىبرىس ئارىلىنى كونترول قىلىۋالغان تۈركلەرنىڭ بۇ ئارالدا « شىمالىي قىبرىس تۈرك جۇمھۇرىيىتى » قۇرۇش پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركىيە پرېزىدېنتىنى تۈركىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە « شىنجاڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى قوللاپ، جۇڭگونىڭ پارچىلىنىشىغا يول قەتئىي قويماسلىق » توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى.

## « سەۋزە بىلەن توخماق » سىياسىتىنىڭ ئۈنۈمى يوق

خىتاي دۆلەت رەئىسى جاڭ زېمىن بۇ يىل 4 - ئايدا تۈركىيەگە زىيارەتكە بارغاندا، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى شىنجاڭ مۇستەقىللىق كۈچلىرىنى قوللىماسلىققا ئاگاھلاندۇردى. ئەينى ۋاقىتتا تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى شىنجاڭ مۇستەقىللىق كۈچلىرىگە ھېسداشلىق قىلغۇچىلار ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى پارتىيەنى « خىتايغا كەڭ قوساقلىق قىلدى » دەپ قاتتىق ئەيىبلىدى. بۇ يىل 7 - ئايدا شاڭخەيدە ئېچىلغان 5 دۆلەت يىغىنىدا، خىتاي بىلەن روسىيە بىرلىكتە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام كۈچلىرىگە ئورتاق زەربە بېرىش كېلىشىمىنى تۈزۈپ، شىنجاڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى ۋە چېچەن قارشىلىق ھەرىكىتىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇندى.

يېقىندىن بۇيان خىتايدا كەڭ كۆلەملىك تەشۋىق قىلىنىۋاتقان « غەربنى چوڭ ئېچىش » تاكتىكىسىنىڭ بىر مەقسىدى — ئىقتىسادى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نامراتلىقنى يوقۇتۇش ئارقىلىق شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇش. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېلان قىلىشىچە، كەلگۈسى 10 يىل ئىچىدە خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا 900 مىليارد خەلق پۇلى ( تەخمىنەن 100 مىليارد دوللار ) مەبلەغ سېلىپ، بىر تەرەپتىن شىنجاڭلىقلارنى باي قىلماقچى. يەنە بىر تەرەپتىن چەتئەلدىن مەبلەغ كىرگۈزۈش ئارقىلىق شىنجاڭ مۇستەقىللىق كۈچلىرىنى قوراللىق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا پېتىنالماس قىلماقچى.

يېقىنقى بىر خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، كوممۇنىست خىتاي سىياسى قانۇن مەركىزى كومىتېتى 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا غەربى جەنۇپ شەھەرلىرى مەملىكەتلىك سىياسى قانۇن خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، « غەربنى ئېچىشقا ئاساس يارىتىش » نى نوقتىلۇق ھالدا مۇزاكىرە قىلماقچى. بولۇپمۇ « شىنجاڭ مۇستەقىللىق تەشكىلاتى، تىبەت مۇستەقىللىق تەشكىلاتى قاتارلىق چەتئەلدىكى كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈش » ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى « شىنجاڭ مۇستەقىللىق تەشكىلاتى » ، « تىبەت مۇستەقىللىق تەشكىلاتى » غا نىسبەتەن يەنىلا بۇرۇنقى ئىككى قوللۇق ئۇسۇل يەنى « سەۋزە بىلەن توخماق » نى قوللىنىۋاتىدۇ. « توخماق » نىڭ ئۈنۈمىنىڭ ناھايىتى تۆۋەن بولغانلىقى ئىسپاتلاندى. « سەۋزە » نىڭ ئۈنۈمى بولۇشىمۇ ناتايىن. سىياسەتشۇناسلارنىڭ « ئىنقىلاۋىي ئاڭ نەزىرىيەسى » گە ئاساسلانغاندا، يەرلىك خەلق كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇپ، باي بولۇش جەريانىدا مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ياخشى بولۇشىغا ئەگىشىپ، « ئىنقىلاپ » تۈيغۇسى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە « شىنجاڭ مەسىلىسى يالغۇز ئىقتىسادىي مەسىلە ئەمەس. ئۇ يەنە مۇرەككەپ مىللىي ھېسسىياتنى ئۆز

ئىچىگە ئالغان. » بۇنىڭدىن قارىغاندا، مۆلچەرلەشكە بولىدىغان يىراق بولمىغان كەلگۈسىدە شىنجاڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن ئۈزلۈكسىز قوراللىق ۋەقەلەرنى پەيدا قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بەرگۈسى!

( مەزكۇر خەۋەر « كىچىك پايدىلىنىش خەۋىرى » نىڭ 18 - سىنتەبىر 909 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى )

## روسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەتبۇئاتلىرىدا ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنىڭ خەلقئارالىق سىياسىي مەسىلە ئىكەنلىكى خەۋەر قىلىندى

ئۆز خەۋەرىمىز: تاجىكىستانىنىڭ پايتەختى دۇشەنبىدە ئۆتكۈزۈلگەن « شاڭخەي كېلىشىمىگە ئەزا 5 دۆلەت ئىتتىپاقى » يىغىنىدىن كېيىنكى ئۈچ ئايدىن بۇيان، روسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ مەتبۇئاتلىرىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. روسىيەنىڭ « نىزاۋىسىمايا »، « ئىنتېرفاكس » قاتارلىق خەۋەر ئاگېنتلىقلىرى، شۇنداقلا قازاقىستاننىڭ « دىلو نومېر » ۋە « ئاگېنستو پولىتىكس سىلوۋېدانىيا » گېزىتلىرى، قىرغىزىستاننىڭ « ترانسكاسپىيسكى پرويېكت » گېزىتى قاتارلىقلاردا ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ھەر ھەپتىدە دىگۈدەك خەۋەر ۋە ماقالىلەر، شۇنداقلا تۈرلۈك سىياسىي، ئىجتىمائىي ئانالىز ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىپ تۇردى. بۇ گېزىت ۋە ئاگېنتلىقلارنىڭ ھەممىسى بىردەك ھالدا، ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ خەلقئارالىق بىر سىياسىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشماقتا.

بولۇپمۇ يۇقارقى گېزىتلەردە ئۇرۇمچىدىكى « 9 - سېنتەبىر » پارتلاش ۋەقەسى، ئالمۇتىدىكى قازاق ساقچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتى تەرەپدارلىرىنى پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈشى ۋە روسىيە پرېزىدېنتى پۇتىننىڭ مەركىزى ئاسىيا زىيارىتى، ئافغانىستان تالىبانلار ھەرىكىتىنىڭ كۈچىيىشى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى بايانلار تېخىمۇ كۆپەيدى.

ئالمۇتىدا 5 ئۇيغۇرنىڭ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلىشى بىلەن، قازاقلارنىڭ ئۆز تەۋەلىكىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغىمۇ قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىدىن كېيىن شەكىللەنگەن غۇلغۇلىلاردىن ئەندىشە ۋە بىئاراملىق ھېس قىلغان قازاقىستان پرېزىدېنتى يەنە بىر قېتىم « قازاقىستاندا ئۇيغۇر مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس » دەپ جاكالاش ئارقىلىق، ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ بۈگۈنكى مەۋجۇت ۋەزىيىتىنى ئىنكار قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئاتالمىش « تېرورلۇق » ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى شەرھىلەشكە ئۇرۇنۇپ، ئۇيغۇرلار مەسىلىسىدە خىتاي ۋە روس ھۆكۈمىتى بىلەن ئوخشاش مەيداندا ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، قازاقىستان تەۋەلىكىدىكى يەتتە سۇ ۋادىسىنىڭ ئېچىلىشى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇپ، ئەسىرلەردىن بۇيان شۇ زېمىننىڭ خوجايىنى بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتقان ۋە ئۆزىنى شۇ زېمىننىڭ ھوقۇقلۇق پۇخراسى ھېساپلاۋاتقان قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقوق ۋە سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي - مائارىپ ھوقۇقلىرىنىڭ دەخلى - تەرۇزگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇندى. ئەمما بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى قازاقلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا قانچىلىك نارازى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يەنىلا ئۇلارغا قېرىنداشلىق نوقتىسىدىن تۇرۇپ، سۈكۈت قىلىش ۋە ئەپسۇسلىنىش پوزىتسىيەسىدە بولۇپ كەلدى. شۇنىڭدەك، يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش مۇستەقىل قازاقىستاننىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىغا بولغان تىلەكداشلىقىنى يوقۇتۇپ قويمىدى. ئۇيغۇر خەلقى كەلگۈسىدە ئەشۇ قانداش تۇققانلىرىنىڭ ھامان ئالدىغا كېلىپ، خىجىللىق بىلەن ئەپۇ سورايدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنجىسىنى ھەم يوقۇتۇپ قويمىدى.

## پىلورىدا شتاتىنىڭ ئورلاندو شەھرىدە خىتايغا قارشى نامايىش ئۇيۇشتۇرۇلدى

ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلىكلەر بىرلىشىپ، پىلورىدا شتاتىنىڭ ئورلاندو شەھرىدىكى خىتاينىڭ ئاتالمىش «جەننەت باغچىسى» ئالدىدا، خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتىغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى. ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان بۇقېتىمقى نامايىشقا ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار، تىبەتلىكلەر ۋە چەتئەللىك دوستلار قاتناشتى. نامايىشچىلار «خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتلىرى توختىتۇلسۇن! خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتلىرىنىڭ سىمۋولى بولغان ئاتالمىش «جەننەت باغچىسى» تاقىۋېتىلسۇن! بىز خەلقئارا جامائەتچىلىكتىن خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتلىرىغا ئالدانماسلىقنى تەلەپ قىلىمىز!» دىگەن مەزمۇنلاردا شۇئار توۋلاشتى. نامايىشنىڭ خەۋىرى ئورلاندو شەھرىنىڭ يەرلىك رادىيو - تېلىۋىزور، گېزىت - ژۇرناللىرىدا تارقىتىلدى. سۈرەتتە: نامايىشچىلار خىتاي باغچىسى ئالدىدا.







## ئۈمىد ئۆرگە، ئۈمىدسىزلىك گۆرگە باشلار

مەھمۇت ئەكرەم (ئۆزبېكىستان)

بار ئاجايىپ نەسىھەتكوي ۋايىسغاقلار،
ۋەتەندىن گەپ ئاچتىڭمۇ گەپ بەرمەيدىغان.
«ياۋ چىشىغا تەگمەستىن تىنچ ياشايلى» دەپ.
باش ئىگىشتىن باشقىنى ئەپ كۆرمەيدىغان.
«كۆزى ئوچۇق ئەجدىھانىڭ بېشىنى چوقۇپ.
خەقنى ئوتقا تاشلىماقتىن نىمە پايدا .
«سەن ياخشى» دەپ تىنچلىقتا ياشاش كېرەك.
بالا - قازا، ئاپەتلەردىن ساقلار خۇدا» .
مانا شۇنداق نائۈمىت كور بەندىسگە،
«مەن ياراتتىم سەۋەپ سەندىن» دىگەن خۇدا.
غەپلەت بېسىپ قۇل بولۇشنى كۆرمە راۋا،
خۇدا بەرگەن ھەق - ھوقۇقتىن بولما جۇدا.
قاچانمۇ بىر قوتاندا قوي ۋە بۆرى،
تىنچ، خاتىرجەم ئۆزئارا ئەپ ياشالىغان؟!
پۈتلاردىكى كىشەنلەرنى چاقماي ئىنسان،
قاچان ھۆرلۈك داۋانىدىن ئاشالىغان؟!
تارىخ گۇۋاھ ئىسكەندەر ھەم چىڭگىزمۇ،
ئاغدۇرۇلغان سۈرەلمەستىن مەڭگۈ دەۋران.
ناپالىيون، گېتلېرنىڭ ھەم تەقدىرى بىر،
ئادالەتسىز زالىم ھامان بولغان گۇمران.
پۈتۈن دۇنيانى تىترەتكەن كېڭەش ئېلى،
ھەيۋىسى زور قۇدرەتلىك قىزىل قورغان.
چىرىپ تۆپىتىن ئۆزى غۇلاپ چۇشكەنتىغۇ؟
ھەق - ئادالەت تا ئەزەلدىن غەلبە قىلغان.
كېلەچەككە ئۈمىت بىلەن ياشاش كېرەك،
ئۈمىت ئۆرگە، ئۈمىتسىزلىك گۆرگە باشلار.
ئۈمىت ئىشەنچ، ئىشەنچ كۈرەش، كۈرەش ھايات،
كۈرەش بىلەن ھۆر كېلەچەك ئىشىك ئاچار.

## دەس تۇر ئەي ۋەتەن!

ئەي ئەزىز مۇبارەك،
ۋەتىنىم ئانا !
سەن قارا تۇپراقسەن،
بىزنى ئۆستۈرگەن.
سەن يېشىل دىيارسەن.
شۆھرەت تاراتقان.
سېھىر ۋە مۆجىزە.
ھىكمەتكە كانسەن.
دىققىتىن جاھاننىڭ،
ئۆزەڭگە تارتقان.

ھونلار ۋەتىنى،
ئۇيغۇرلار ئېلى.
تۈمەن - مىڭ ياشلىق.
ئاق چاچ ئانامسەن.
ئالەم سېھىرلىرىدىن،
يوشۇرۇپ پىنھان،
تىلسىم قىلىنغان،
تەكلى ماكانسەن.

خانتەڭرى چوققىسى ،
كۆمۈش تۇسلۇك.
چىچىڭغا قىياس،
يۈزۈڭدىكى قورۇقلار،
تارىخى قەدەم،
ۋاراقلارغا خاس.

ئەي ئۇلۇغ ئانا ۋەتەن!
ئالەم ئارا يىگانە.
مۆتىبەر بېھىشسەن،

## ئۇنۇتقان دۇنيا

ئۇيغۇر ئەزىزى ( گېرمانىيە )

ئېسىۋالدىم ئۆيۈمگە، كۇندە كۆرەي دەپ،
سىرلىرى كۆپ، بىلەلمىگەن دۇنيانى.
ئىزدەيمەن دېڭىزدىن، ئارالدىن ئۆتۈپ،
ئاۋارە تاپالماي خىلۋەت ماكانى.

ئىمجانلا كۆرۈندۈڭ، خەرىتەمدە سەن،
پايانسىز قۇم بولۇپ، گىياسىز قاقاس.
چاڭقىپتۇ ئەزىم تارىم، تولغىنىپ ھالسىز،
يېتىپتۇ تەكتى - ماكان، شەپىسىز تىمتاس.

ئەسىرلەر ئۇخلاپمۇ قانمىغان چېغى،
سېھىرلىك ئۇيقىسىدىن تۇرمىغان چېغى.
شۇ سەۋەپ ئۇنۇتقان، دۇنيا ئۇزىمۇ،
رەڭلىرى زامانىنىڭ چۈشمىگەن چېغى.

گاھىدا قىستايمەن ئۆزۈمنى زارقىپ،
سىزىسام باشقىچە قىلىپ دۇنيانى.
قالدىمۇ ئەقلىمدىن ياكى ئادىشىپ،
كۆرمەيلا كېتەيغۇ مۇشۇ ئالەمنى...

قېپتىمەن مەن خاتا، ئېسىپ ئۆيۈمگە،
سېلىشتۇرۇپ، مېنى تۇققان تۇپراقنى.
ئۇخچىدى يۈرەكتىن زەرداپ كۆزۈمگە،
ياشايمۇ يوشۇرۇپ كۆيگەن پىراقنى.

تەڭ ئەمەس، ھېچ بىر يەر ئانا تۇپراققا،
ھېچكىم ھەم بولالماس ئوخشاپ ئانامغا.
ياق كۆرەي مەن سېنى، ئەقىل كۆزۈمدە،
ئۇغلۇڭ مەن، تونۇتاي سېنى دۇنياغا!

«شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى» نەشر قىلدى

# سۈرەتلك خەۋەرلەر




## [illegible] ختايغا قارشي نامايش

ئامېرىكدىكى ئۇيغۇرلار ۋاشىنگتوندىكى ختاي باش ئەلچخانسى ئالدىدا « 5 ـ فېۋرال » غۇلجا ئىنقىلاۋىدا شېھىت بولغانلارغا ماتەم تۇتۇپ، ختاينىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشي قىرغىنچىلىقىغا قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى. سۈرەتتە: نامايىشتىن بىر كۆرۈنۈش.






## ئامېرىكدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر

شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا داۋاملىق جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ۋەتەن مۇستەقىللىقى يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەتلىرىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە جانلانماقتا. سۈرەتتە: ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتوندىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى پائالىيەت ئۈستىدە.



شۋېتسيىدە ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشتىن بىر كۆرۈنۈش.

## جۇ رۇڭجىغا قارشى نامايىش

ختاي باش مىنىستىرى جۇ رۇڭجىنىڭ ئامېرىكىغا زىيارەتكە كېلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئامېرىكدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى نيۇيوركقا جەم بولۇپ، ختاي ھاكىمىيىتىنىڭ رابىيە قادىرنى ناھەق تۈرمىگە ھۆكۈم قىلغانلىقىغا، شۇنداقلا ئومۇمەن ئۇيغۇر ئاياللىرىغا غەيرى ئىنسانىي شەكىلدە ئېغىر زۇلۇم سېلىۋاتقانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ نامايىش ئۆتكۈزدى. نامايىشتا رابىيە قادىرنى شەرتسىز قويۇپ بېرىشنى ۋە ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان مەجبۇرى تۇغۇت چەكلەش سىياسىتىنى توختۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. سۈرەتتە: ئۇيغۇر ئاياللىرى ئامېرىكا خەلقىغە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ پاجىئەلىك ئەھۋالىنى ئاڭلاتماقتا.

گېزىتىمىزنىڭ ساھىبى قۇرۇلتاي نامىدىن:
ئەنۋەرجان
مەسئۇل مۇھەررىر:
پەرھات مۇھەممىدى
تەھرىرلەر: تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن
ئۇيغۇر ئەزىزى
مونتاژ : ئۆمەرجان شاھيارى
كورېكتور: ئۇچقۇن قەشقىرى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:
ھاجى ياقۇپ (تۈركىيە)
ئابلىكىم باقى (تۈركىيە)
سىدىقھاجى رۇزى (ئامېرىكا)
ئەخمەت ئىگەمبەردى (ئاۋستىرالىيە)
سىيىتجان قەيسەر (ئۆزبېكىستان)
توختاخۇن ئەركىن (سەئۇدى ئەرەبىستان)
ئەسقەرجان (گېرمانىيە)
قەھرىمان غوجامبەردى (قازاقىستان)
سابىت ئابدۇراخمان ( قازاقىستان )

گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەۋقەنەسى ئاپتورلىرىمىزغا ئائىتتۇر، گېزىتىمىزگە ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ، ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخبارات ـ ئۇچۇرلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

ياردەم بېرىشنى خالىغان ۋەتەنداشلىرىمىز ئۈچۈن بانكا ھېساپ نومۇرىمىز:
Ostturkistanische
(Uighurischer)
National Kongress
Deutsche Bank
Konto Nr: 2009207
BLZ:70070024

ئادرېسىمىز:
Ostturkistanischer
(Uigurischer)
National Kongress
Landwehrstr. 17
80336 Munchen
Germany
Tel:
0049 89 55 86 99 86
178 35 25
Fax:
0049 89 55 86 99 87
178 35 25

PUBLISHED BY EASTERNTURKESTAN (UYGHURISTAN) NATIONAL CONGRESS

# ئىستىقلال

# ISTIKLAL

قوش ھەپتىلىك
سىياسىي - ئىلمىي گېزىت

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » ئورگان گېزىتى

2000 - يىلى 11 - ئاي
20 - سان

# شېھىتلار ئۆلمەس !

## « 5 - فېۋرال » غۇلجا ئىنقىلاۋىنىڭ رەھبىرى ئابدۇخېلىل ئابدۇمجىت تۈرمىدە شېھىت قىلىندى

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ مۇخبىرى تۆمۈر چوققىنىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە يوللىغان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، « 5 - فېۋرال » غۇلجا ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسلىق باشلامچىلىرىنىڭ بىرى ۋە مىللىي قەھرىمانىمىز ئابدۇخېلىل ئابدۇمجىت 2000 - يىلى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 5 ئەتراپىدا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ چاپچال ناھىيىسىدىكى سۇ تۈرمىسىدە خىتاي ساقچىلىرىنىڭ ئىنسان قىلىپىدىن چىققان ۋەھشىي قىيىن - قىستاقلىرى نەتىجىسىدە 31 يېشىدا باتۇرلارچە قۇربان بولدى.




ئابدۇخېلىل ئابدۇمجىت 1997 - يىلىدىكى « 5 - فېۋرال » غۇلجا ئىنقىلاۋىغا بىۋاستە رەھبەرلىك قىلغان ۋە بۇ قېتىمقى نامايىش خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلۇپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي خىتاي ساقچىلىرىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى.

خىتاي دائىرىلىرى مەرھۇمنىڭ جەسىدىنى يوشۇرۇن ھالدا چاپچال كونامازار قەۋرىستانلىقىغا ئېلىپ بېرىپ، كىيىم - كېچەكلىرى بىلەن كۆمۈپ تاشلىغان. خەۋەرلەرگە قارىغاندا مىللىي قەھرىمانىمىز ئابدۇخېلىلنىڭ قەۋرىسى ھازىرغا قەدەر ساقچىلار تەرىپىدىن مۇھاسىرە قىلىنىۋېتىپتۇ.

## گېرمانىيەدە مىللىي قەھرىمانىمىز ئابدۇخېلىل ئابدۇمجىتنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: « 5 - فېۋرال » غۇلجا ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى ۋە يېتەكچىسى ھېساپلانغان مىللىي قەھرىمانىمىز ئابدۇخېلىل ئابدۇمجىتنىڭ بۇيىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ چاپچال ناھىيىسىدىكى سۇ تۈرمىسىدە خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، گېرمانىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ قانخور خىتاي ھاكىمىيىتىگە بولغان قاتتىق غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىدى. 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى مەركىزى ئورگىنى گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھرىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ يىغىن زالىدا مەرھۇم ئابدۇخېلىلنىڭ شېھىت قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خەتمە قۇرئان قىلىش ۋە خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. « شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاشنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن بۇقېتىمقى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان، قۇرۇلتاي باش كاتىۋى ئەسقەرجان، قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئۈمىت ئاگاھى، « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ مەسئۇللىرى ۋە گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھرىدە تۇرۇۋاتقان كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار قاتناشتى.

يىغىندا ئالدى بىلەن ئابدۇجېلىل قاراقاش سۆز قىلىپ، مىللىي قەھرىمانىمىز ئابدۇخېلىل ئابدۇمجىتنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە ئۇنىڭ تۈرمىدە قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلۈش ئەھۋالى ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھات بېرىپ ئۆتتى. ئارقىدىنلا مىللىي قۇرۇلتاينىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان تەكلىپكە بىنائەن سۆز قىلىپ، مىللىي قەھرىمانىمىز ئابدۇخېلىلنىڭ شېھىت بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مىللىي قۇرۇلتاي نامىدىن مەرھۇمنىڭ ئائىلە - تاۋابىئات ۋە ئۇرۇق - تۇققانلىرىغا ئاللاھتىن سەبىر - تاقەت تىلەيدىغانلىنى ئىزھار قىلدى. شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىدە قىممەتلىك ھاياتىدىن ئايرىلغان بارلىق شېھىتلىرىمىزنى خەلقىمىزنىڭ مەڭگۈ ياد ئېتىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

ئەنۋەرجان مۇنداق دېدى: « مەرھۇم ئابدۇخېلىلنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن نەقەدەر زور بەدەل تۆلەۋاتقانلىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قارىتا ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇۋاتقانلىقىنىڭ جانلىق ئىسپاتىدىن ئىبارەت. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قۇربان بەرمەي تۇرۇپ مۇستەقىللىقىمىزنى قولغا ئېلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. پەلەستىن خەلقىنى ئېلىپ ئېيتساق بىرقانچە ھەپتىدىن بۇيان قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى بولمىسىمۇ، زامانىۋى قوراللانغان ئىسرائىلىيە ئەسكەرلىرى بىلەن تىركىشىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ جەرياندا يۈزلەرچە پەلەستىنلىك ھاياتىدىن ئايرىلدى. بىز پەلەستىن خەلقىنىڭ كۈرەش روھىدىن ئۆگىنىشىمىز، شۇنداقلا ۋەتەن، مىللەت يولىدا جېنىمىزنى پىدا قىلىشقا ھەر زامان تەييار تۇرۇشىمىز لازىم. ۋەتەن ئىچىدىكى ئابدۇخېلىلغا ئوخشاش مىڭلىغان ياشلىرىمىزنىڭ پىداكارلىق

كۆرسۈتۈشى نەتىجىسىدە هازىر ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا مۇستەقىللىق كۆرىشىمىز ئۈزلۈكسىز كۈچەيمەكتە. دۇنيا ۋەزىيىتىگە نەزەر سالساق، دۇنيادىكى بارلىق مۇستەملىكىچى ۋە مۇستەبىت هاكىمىيەتلەر بىر ـ بىرلەپ گۇمران بولماقتا ۋە ئەسىر مىللەتلەر ئارقىمۇ ـ ئارقا هۆرلۈككە ئېرىشمەكتە.

تەشكىلاتلارنىڭ مەخسۇس دوكلاتلىرىدىمۇ بۇ ۋەقە تەپسىلى قەيت قىلىنىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە لايىقىدا تونۇشتۇرۇلدى. بىز ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن ئۆرنەك ئېلىپ پۇل ـ مېلىمىز، ۋاقتىمىز، هەتتا جېنىمىز بىلەن



نۆۋەتتە ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىز شۇنچە خەتەرلىك مۇھىت ئىچىدە ياشاۋېتىپمۇ هۆرلۈك، ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىممەتلىك هاياتىنى پىدا قىلىۋاتىدۇ، بىز ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار تىنچ، ئازادە، ئەركىن مۇھىت ئىچىدە ياشاۋاتىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ۋەتەن ئىچىدىكى مەرھۇم ئابدۇخېلىلغا ئوخشاش مىڭلىغان قەھرىمان ئوغلانلىرىمىزدىن ئىلھام ئېلىپ، مۇستەقىللىقىمىز ئۈچۈن قولىمىزدىن كېلىشىچە پىداكارلىق كۆرسۈتۈشىمىز لازىم».

خاتىرىلەش پائالىيىتىدە مىللىي قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىۋى ئەسقەرجانمۇ تەكلىپكە بىنائەن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «مەرھۇم شېھىدىمىز ئابدۇخېلىل ناهايىتى مۇبارەك ۋە ناهايىتى ئۇلۇغ بىر داۋا ئۈچۈن قىممەتلىك جېنىنى پىدا قىلدى، بۇنداق قىلىش ئاسان ئىش ئەمەس. بىز بوگۈن يالغۇز ئابدۇخېلىلنىلا ئەمەس، بەلكى ۋەتىنىمىز مۇستەملىكىگە چۈشۈپ قالغاندىن بۇيان مۇستەقىللىق يولىدا جېنىنى پىدا قىلغان بارلىق شېھىتلىرىمىزنى قايغۇ بىلەن ئەسلەيمىز! ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىز مۇستەقىللىق ئۈچۈن ناهايىتى زور بەدەل تۆلەپ كەلدى، بۇ جەرياندا نى ـ نى باتۇر ئوغلانلىرىمىز مەيدانغا چىقتى، ئۇلارنىڭ ئاققان ئىسسىق قېنى هەرگىزمۇ بىكارغا كەتكىنى يوق. غۇلجا ئىنقىلاۋىنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ ۋەقە ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن دۇنياغا تونۇلدى. «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى»، «دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى» قاتارلىق خەلقئارالىق

مۇستەقىللىق كۆرىشىمىزگە ئاتلىنىشىمىز لازىم. بىزنىڭ كۆرىشىمىز بىزدىن ناهايىتى زور پىداكارلىقنى كۈتىدۇ، چۈنكى بىز 1 مىليارد 300 مىليون نوپۇسقا ئىگە، ئىقتىسادىي جەھەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان كۈچلۈك بىر مۇستەملىكىچى بىلەن كۆرەش قىلىۋاتىمىز. دېمەك بىزنىڭ كۆرىشىمىز جاپالىق ۋە مۇرەككەپ بىر كۆرەش. بىز پۈتۈن ئىمكانىيىتىمىزنى ئىشقا سېلىپ، ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇستەقىللىق كۆرىشىمىزنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇشىمىز لازىم. بىز چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار مىللىي مۇستەقىللىق كۆرىشىمىز ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدە پىداكارلىق كۆرسەتەلمىدۇق، ۋەتەن ئىچىدىكىلەر مۇستەقىللىق كۆرىشىمىز ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمايۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە، بىز چەتئەلدىكىلەر جېنىمىز ئۇياقتا تۇرسۇن، پۇل ـ مېلىمىزنىڭ مېھرىدىن كېچەلمىدۇق، ئەلۋەتتە هازىر چەتئەللەردە ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقانلىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۇيغۇر داۋاسى ئۈچۈن پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، ئەمما خەلقىمىزنىڭ بىزدىن كۈتىدىغىنى تېخىمۇ چوڭ پىداكارلىق ۋە تېخىمۇ زور نەتىجىلەردىن ئىبارەت».

بۇقېتىمقى خاتىرىلەش پائالىيىتى جەرياندا يەنە قۇرۇلتاي قارمىغىدىكى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىگى» نىڭ رەئىسى ئۇمىت ئاگاھمۇ سۆز قىلىپ، «5 ـ فېۋرال» غۇلجا ئىنقىلاۋىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلاۋىمىزنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىگىنى، چەتئەللەردە ياشاۋاتقان بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مەرھۇم ئابدۇخېلىلنىڭ كۆرەش روهىدىن ئۆلگە ئېلىپ، مۇستەقىللىق



كۆرىشىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىشى كېرەكلىگىنى بايان قىلدى. ئۇمىت ئاگاھنىڭ كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ قىلغان تەسىرلىك سۆزلىرى بۇقېتىمقى پائالىيەتكە قاتناشقان بارلىق ئۇيغۇرلارنى قاتتىق هاياجانلاندۇردى. يىغىن جەرياندا كۆپلىگەن ياشلىرىمىز ئارقا ـ ئارقىدىن پىكىر بايان قىلىپ، مىللىي قەھرىمانىمىز ئابدۇخېلىلنىڭ كۆرەش روهىنى ئەبەدىي ياشىنىتىدىغانلىقلىرىنى ۋە ئۇنىڭ قەيسەر ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىي مۇستەقىللىق هەرىكىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشىدىغانلىقلىرىنى ئىزهار قىلىشتى. بۇقېتىمقى خاتىرىلەش پائالىيىتىنىڭ ئاخىرىدا مەرھۇم ئابدۇخېلىلنىڭ روهىغا ئاتاپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىندى.

«شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان «ئۇيغۇر ئاۋازى» ئىنتېرنېت رادىيوسى ئۆزىنىڭ 10 ـ قېتىملىق ئاڭلىتىشىنى مەرھۇم ئابدۇخېلىلغا بېغىشلىدى ۋە بۇ هەقتە مەخسۇس پروگرامما هازىرلاپ تارقاتتى. بۇقېتىمقى مەخسۇس پروگراممىغا مىللىي قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىگىنىڭ رەئىسى ئۇمىت ئاگاهى... قاتارلىقلار قاتناشتى ۋە رادىيودا ئابدۇخېلىلنىڭ شېھىت قىلىنغانلىقى، غۇلجا ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتلەر ۋە مىللىي مۇستەقىللىق كۆرىشىمىزنىڭ تەرەققىيات ئەهۋالى هەققىدىكى قاراشلىرىنى جانلىق شەكىلدە بايان قىلىشتى.

گېرمانىيەدىكى هەرقايسى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى مەرھۇم ئابدۇخېلىلنىڭ تۈرمىدە قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن خىتاي هاكىمىيىتىگە قارشى تېگىشلىك ئىنكاس قايتۇرۇشقا هازىرلانماقتا.





# ئۆتمۈش نەپرەتلىكمىدى؟

( هېس ـ تۇيغۇلار )

بىز ـ توقسىنىنچى يىللارنىڭ باشلىرى دۇنياغا كۆز ئاچقان چاغلىرىمىزدا، بىزنى قۇچاقلىغان ئانا ۋەتىنىمىز خىتاي زۇلمى ئاستىدا بەئەينى قىيامەت مەيدانىغا ئايلانغان ئىكەن. يۈزمىڭلىغان بىگۇناھ ئاتىلار سۇئال ـ سوراقسىز تۈرمىلەردە، ئاممىۋى تۇتقۇن لاگىرلىرىدا تاياق زەربىسىدىن ئۆلۈۋاتقان، كۆزلىرى ئويۇلۇپ، تىللىرى كېسىلىپ، تەجرىبىخانىلاردا قەتلى قىلىنىۋاتقان، يۈزمىڭلارچە مەزلۇم ئانىلار ئېغىر ئەمگەك، روھى بېسىم ۋە تاياق زەربىسىدىن ئۆلۈۋاتقان، دەرت ـ ئەلەم، ھاقارەتلەرگە چىداپ بولالماي ئۆزلىرىنى ئېسىپ ئۆلتۈرىۋاتقان، پەقەت ئۇيغۇر نەسلىدىن تۆرەلگەنلىكى ئۈچۈن ساناقسىز بوۋاقلارنىڭ ئاتا يۈزىنى كۆرەلمەي، ئانىسىنىڭ سۈتىگە قانالماي ئىڭراپ جان بېرىۋاتقان شۇنداق ھاقارەتلىك بىر دەۋرنىڭ ئۆسمۈر شاھىدلىرى بولدۇق. ئۇ چاغلاردا بۇ مەزلۇم مىللەتنىڭ پاجىئەلىك تارىخى ۋە يېقىن ئۆتمۈشى مەدەنىيەتسىز ۋەھشى خىتاي زالىملىرى تەرىپىدىن تامامەن تىلسىمات ئۆڭكۈرىگە سولىۋېتىلگەن ئىدى. بىز ئۆسمۈرلەرگە خاس پىسخىك ئالاھىدىلىك بويىچە ھەر نەرسىنىڭ سىرىنى ـ ماھىيىتىنى بىلىشكە، ئائىلىمىزگە كېلىۋاتقان دەرت ـ ئەلەملەرنىڭ، يۇرتىمىزغا يېغىۋاتقان چەكسىز زۇلمەتلەرنىڭ ۋە ئاچ ـ يالىڭاچلىقنىڭ سىرىنى بىلىشكە، چوڭلاردىن تىنىم تاپماي سوراشقا باشلىدۇق. ئاخشاملىرى جىنچىراق يورۇقىدا كاللەك بولۇۋېلىپ بوۋايلاردىن داستان ئاڭلىدۇق:

ـ « ۋاي شور پىشانە بالىلىرىم! بىز بۇ قارا خىتايلارنىڭ نىجىس ئاياقلىرى ئاستىدا يانچىلىدىغان ئەخلەتمىدۇق. بىر توغرام نانغا زارلىنىدىغان گادايمىدۇق. بىز ئەسلىدە ئاقسۆڭەك، ئالىجاناپ، باي مىللەت ئىدۇق. بىزدىن ئاجايىپ سۇلتانلار چىققان. كېيىنكى كۈنلەردە ئاشۇ مۇناپىقلارنىڭ قولى بىلەن بەگ دۆلەت ـ ياقۇپخان زەھەرلەنمىگەن بولسا، سادىر پالۋان قەستكە ئۇچرىمىغان بولسا، تۆمۈر خەلپەم، خوجامنىياز پالگانلار ئالدانمىغان بولسا، سابىت داموللام ئەۋلىيا قەپەسكە چۈشمىگەن بولسا، سەركەردە ئەلىخان تۆرەم قاچۇرۇلمىغان بولسا، ئەخمەت ئەپەندىملەر سۇلھىگە ماڭمىغان بولسا كاشكى، بۈگۈن بوۋايلارنىڭ بويىنىغا قارا تاختاي ئېسىلاتتىمۇ. سىلەردەك گۆھەر ئەۋلاتلار ئاتىسىز، ئانىسىز بۇلۇڭلاردا قىسىلىپ، كوچىلاردا تاشلىنىپ، يىرتىق كىيىمگە خار، پارچە نانغا زار بولاتتىڭلارمۇ! ھەي دەرىخا! ھەممە ئىش ئۆز ئادەملىرىمىزدىن ۋە خائىنلىرىمىزدىن ئۆتتى. ئۇۋالىغا سىلەر قالدىڭلار، ئاللاھ قۇتقۇزار بالىلىرىم! »

ئەشۇ ساناقسىز زۇلۇملارنىڭ بىرى سۆيۈملۈك يۇرتىمىزدىن، ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان مەھەللىمىزدىن ۋە جان ـ دوست ئاغىنىلىرىمىزدىن ئايرىپ، يىراق يۇرتلارغا، سەھرالارغا سۈرگۈن قىلىش بولدى. بۇ ناتىۋان مەزلۇم مىللەت ئاچ ـ يالىڭاچلىقمۇ، تاياق ـ دەشنامىلارغىمۇ، خانىۋەيران سۈرگۈنگىمۇ تاقەت قىلىپ كۆنۈپ قېلىۋاتقان، ھەتتا تەگى تېگىدەك زۇلۇم ـ كۈلپەتلەرنىڭ ئاستىدا قالسىمۇ يەنە تاقەت قىلىدىغاندەك بىر كۈنلەردە، دادىسىغا ئوخشاش ھەممە زۇلۇملارغا كۆنۈپ قالغان لېكىن سۈرگۈنگە چىدىيالمىغان بىر ئۆسمۈر، بوۋايلاردىن ئاڭلىغان داستانلارنى ئەسلەپ، دادىسىغا سۇئال قويۇپتۇ:

دادا، خوجامنىياز پالگان جەڭ قىلغاندا سەن نەدە ئىدىڭ؟

ـ مەن كىچىك ئىدىم بالام.

: ئەلىخان تۆرەم شەھەر ئالغاندا سەن نېمە ئىش قىلغان؟

ـ ...

دادىسى ئۈنچىقماپتۇ. ئۆسمۈر يەنە شۇنداق دەپتۇ:

دادا ئەگەر سەنمۇ شۇ چاغلاردا جەڭ قىلغان بولساڭ، ياكى شەھىرىمىز ئازات بولاتتى. ياكى سەنمۇ جەڭدە ئۆلگەن بولاتتىڭ. شۇنداقمۇ دادا!! ئەگەر شۇنداق بولسا كاشكى سەنمۇ مەنمۇ بۇ زۇلۇملاردىن قۇتۇلاتتىكەنمىز.

ھەممە زۇلۇملارغا كۆنۈپ قالغان دادا، ئەۋلات ئالدىدا ۋىژدان ئازاۋىغا چىدىماي بوغۇلۇپ ئۆلۈۋاپتۇ. بۇ ئەھۋال ئەتراپقا پۇر كەتتى. ھەمدە ئاتىلارنىڭ يۈرىگىنى تىترەتتى.

دېمەك بىز ئەشۇنداق بىر پاجىئەلىك دەۋرنىڭ تارىخىنى توشۇماقتا ئىدۇق.

سەكسىنىنچى يىللارغا كەلگەندە ئۆز تارىخىمىزنى كۆرۈشكە قىسمەن يوچۇق ئېچىلدى. گەرچە خىتاي جاھانگىرلىگىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن يېزىلغان ساختا ماتېرىياللار بولسىمۇ، بىزدە يېتىلگەن ساپ مىللىي تۇيغۇ، مىللىي تارىخ قارىشى تۈرتكىسىدە بۇ چەكسىز مىللىي پاجىئە ۋە ئىنسانىي خورلۇقلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئايدىڭلاشتۇرىۋالدۇقكى، مىللىتىمىزنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى تامامەن تاشقى سەۋەپلەرگە، تاجاۋۇزچى كۈچلەرگە ۋە خائىنلارغا باغلاپ يەكۈن چىقىرىش بىر تەرەپلىمىلىك ۋە تارىخقا ساختا باھا بېرىش بولىدۇ ئەلۋەتتە. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتىكى پاجىئەلەرگە سەۋەپچى بولغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي خائىنلارنى ۋە تاشقى سەۋەپلەرنى ئەشۇ دەۋرلەرنىڭ مەسئۇللىرى ۋە جاۋاپكارلىرى ھىساپلانغان مۆتىۋەرلىرىمىز ئۆزلىرى ياراتقان ئىكەن. يەنى مىللىي مەنپەئەتتىن كىشىلىك مەنپەئەتنى ئالى بىلگەن، مىللىي ئىرادىدىن كىشىلىك مەنسەپ ـ ئابرۇينى يۈكسەك بىلگەن، ئۆز ھاياتىنى دۆلەت ھوقۇقىدىن قىممەتلىك بىلگەن. شۇنىڭدەك مىللىي مەۋقەنى بىلەن كىشىلىك مەۋقەنى پەرقلەندۈرەلمىگەن. ھەتتا ئۆزىنىڭ ئابرويىنى تىكلەش ئۈچۈن، مەنسەپ ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن يارامسىز، ئىككى يۈزلىمچى خائىنلارنى ھىمايە قىلىپ، ھەقىقى مىللەت قەھرىمانلىرىنى چەتكە قاققان بىر تۈركۈم شەخسلەر، دەۋرنى دەۋرگە ئۇلاپ ئەشۇ ھاقارەتلىك تارىخلارنىڭ تەكرار ـ تەكرار داۋاملىشىشىغا سەۋەپچى بولغان ئىدى.

ئەنە شۇ نۇمۇسلۇق تارىخىمىزنى ۋاراقلىغىنىمىزدا ئۆتمۈشتىن نەپرەتلەندۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىز يېڭىچە يول تۇتۇپ، دەۋرنىڭ جاۋاپكارلىقىدىن قۇتۇلۇش، ئەۋلاتلار ئالدىدا ۋىژدان ئازاۋىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تۈرلۈك ئۇسۇل ۋە شەكىللەردە، بىر نىيەت، بىر مەقسەتكە ئۇيۇشۇپ، ۋەتەن ـ مىللەتنىڭ ئازاتلىغىنى كۆزلەپ ھەرىكەت باشلىدۇق. بۇ ھەرىكەتلەر قارىماققا تامامەن مەغلۇپ بولغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئەشۇ ھەرىكەتلەر سەۋەپلىك ۋەتەن ئىچىدە بۈيۈك ـ يۇچقالارغىچە مىللىي روھ ۋە ئىنقىلاۋىي روھ ئومۇملاشتى. ۋەتەن سىرتىدا بولسا سىياسىي مەيدانلاردا مىللىي داۋايىمىزنىڭ خەلقئارالىشىشىغا تۈرتكە بولماقتا. لېكىن شۇنداق بىر پاراللىق باركى ۋەتەن ئىچىدە خەلقىمىز ئومۇمىيۈزلۈك بۇ داۋا ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىپ، جانلىرىنى، ماللىرىنى، بەختلىك ئائىلىلىرىنى قۇربان بېرىۋاتقان بولسا، ئىنتايىن ئاز ساندىكى شەخسىيەتچى ئادەملەر كىشىلىك مەنپەئەتنى كۆزلەپ، ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلىرىمىزگە ساتقىنلىق قىلىۋاتىدۇ ۋە خىتاي جاھانگىرلىگى تەرەپتە تۇرۇپ بىزگە قارشى ئوچۇق ـ ئاشكارە دۈشمەنلىك مەيداندا تۇرىۋاتىدۇ. شۇنىڭدەك ۋەتەن سىرتىدىمۇ ئىنقىلاۋىي ئەزىمەتلەر پىداكارلىق كۆرسىتىپ، ئىقتىسادلىرىنى، ۋاقىتلىرىنى ۋە ئەقىل ـ پىكرىنى سەرپ قىلىپ، تەشكىللىنىش، مەركەزلىشىش ئارقىلىق بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، خەلقئارا جامائەتچىلىككە ۋەتەن ـ مىللەتنىڭ ئاھۇ ـ دەردىنى يەتكۈزىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تۈركۈم ۋەتەن خائىنلىرى ئۆزلىرىنىڭ شەخسى مەنپەئەتى ئۈچۈن خىتاي جاھانگىرلىگى بىلەن ھەمكارلىشىپ، مىللىي ھەرىكەتلىرىمىزنى ئۇجۇقتۇرۇشقا ئورۇندى. يەنە شۇلارغا ماسلاشقان ھالدا ئاز ساندىكى كىشىلەر، ياكى ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىگىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئىرادىسىز شەخسلەر ياكى مىللىتىمىزنىڭ ئازاتلىغىنى خالىمايدىغان يوشۇرۇن جاھىل ئۇنسۇرلار قانداقتۇر بىر ۋەھىملىك كۆلەڭگۈ ئارقىسىغا ئۇتىۋېلىپ، ۋەتەن خائىنلىرى تەرىپىدە سۈكۈتتە تۇرماقتا. ھەتتا ناھايىتمۇ قىممەتلىك بەدەل تۆلەپ بەرپا قىلىنغان ئىنقىلاۋىي فوندامېنتلىرىمىزنىڭ چۆكۈپ كېتىشىنى، ناھايىتمۇ نازۇك پۇرسەتلەرنىڭ نەتىجىسىز ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتمەكتە.

ئەندى ۋەتەن ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىجابىي ھەرىكەتلىرىمىزگە قارىتا ئەتۇر تاناسىپ پەيدا قىلىپ، ئۆز ـ ئارا پاراللىل شەكىلدە كېتىۋاتقان سەلبى كۈچ ۋە سەلبى شەخسلەرنى تونۇپ يەتكەن چېغىمىزدا ئۆتمۈشتىن نەپرەتلىنىشنىڭ ئارتۇقچە ھاجەتسىز بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىماقتىمىز. چۈنكى بىزمۇ بەختسىز كېلەچەكنىڭ نەپرەتلىك ئۆتمۈشىنى كۆرۈپ تۇرماقتىمىز. ھەتتا ئەينى ۋاقىتتىكى دادا ئەۋلات ئالدىدا ۋىژدان ئازاۋىغا چىدىماي ئۆلۈۋالغان بولسا، كېلەچەك ئۈچۈن پاجىئەلىك ئۆتمۈشكە ھۇل سېلىۋاتقان بۈگۈنكى ئاتىلار، ئەۋلاتلار ئالدىدا ۋىژدان ئازاۋىنىمۇ ھېس قىلالمايدىغان

( داۋامى 6 ـ بەتتە )

# مەن كۆرگەن كۈنلەر...

گۈلناز ئالىمجان ( گېرمانىيە )

مېنىڭ ئانام گەرچە دېھقان بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئۆز دەۋرىگە لايىق تەربىيە كۆرگەن، تارىخىمىزنى ياخشى بىلىدىغان ئوقۇمۇشلۇق ئايال ئىدى. ئانام دائىم ماڭا تارىخىمىز توغرىسىدا ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىرىنى، ياشلىق دەۋرىدە كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى ئايىماي سۆزلەپ بېرەتتى. بەلكىم مېنى ياخشى تەربىيە ئالسۇن، ياخشى ئادەم بولسۇن دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. بىر قېتىم ئانام ماڭا كىمدىندۇر نارازى بولغاندەك، كىملەرگىدۇر نەپرەتلەنگەندەك شۇنداق پەرىشانلىق ئىچىدە ئاھ ئۇرۇپ مۇنداق دېگەن ئىدى: « قىزىم، سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، ھەر زامان ئېسىڭدە تۇت، بىز ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، باياشات، مۇستەقىل ياشاپ كەلگەن، نۇرغۇن دۆلەت ۋە خانلىقلارنى قۇرغان مەدەنىيەتلىك مىللەتمىز. ئۇيغۇر - خانىم - قىزلىرى ئەدەپ - ئەخلاقلىق، نومۇسچان كېلىدۇ. دۈشمەنگە ھەرگىز باش ئەگمەيدۇ. بىزنىڭ خانىش ئامانىساخېنىمدەك مەشھۇر مۇزىكانت ئالىملىرىمىز، ئىپارخان ۋە نۇزۇگۇمدەك ياۋغا باش ئەگمەس قەھرىمان قىزلىرىمىز ئۆتكەن. بىلەمسەن قىزىم، تېخى مۇشۇ يېقىندىلا غۇلجىدىن خىتاي چېرىكلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ئۇرۇشىدا رىزۋانگۈل ئىسىملىك بىر قىز دۈشمەن بىلەن باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ شېھىد بولغان، ئۇ قىز شۇ چاغدا مەن بىلەن تەڭ دىمەتلىك ئىدى... »

مەن غۇلجا ناھىيىسىنىڭ مەمەيۇزى يېزىسىدىن. كىچىك ۋاقىتلىرىمدا يېزىمىزدا خىتايلارنى ھېچ ئۇچراتمايتۇق، شەھەرگە كىرسەك ئاز - تولا ئۇچرىتاتتۇق. مەن بەزىدە ئانامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي كەپسىزلىك قىلاتتىم، ئانام ماڭا « بالام، گېپىمنى ئاڭلا! بولمىسا سېنى خىتايغا بېرىۋېتىمەن! » دەپ قورقۇتاتتى. مەن شۇئان كەپسىزلىكىمنى توختىتاتتىم. ماڭا « خىتاي » دېگەن بۇ ئىسىم ناھايىتى قورقۇنچلۇق، ۋەھشىلىك بىر مەخلۇق كەبى بىلىنەتتى. بەزىدە ئۇنى ئالۋاستىغا، جىن - شەيتانلارغىمۇ ئوخشىتاتتىم. مانا ئەمدى ئەقلىمگە كېلىپ ھەقىقەتنى چۈشەنگەن بۈگۈنكى كۈنۈمدە، بۇ ئىسىمنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلدىم. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنى، تارىخىمىزنى، دىنىمىزنى، ئۆرپ - ئادىتىمىزنى... ئىش قىلىپ بىزنىڭ ھەممە نەرسىلىرىمىزنى بۇلىۋالدى. خىتايلار مەن كىچىك ۋاقتىمدا چۈشەنگەندەك ھەقىقەتەن ئىنسان ئەمەسكەن. ئۇلار جىن - شەيتان، ئۇلار قانخور ئالۋاستىلار... چۈنكى ھەممىمىزنىڭ قەلبىنى چوڭقۇر ئازاپلايدىغان، مىڭلىغان بىگۇناھ ياشلىرىمىزنىڭ قېنىنى ناھەق تۆكۈلۈپ، خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلغان 1997 - يىلىدىكى « 5 - فېۋرال » غۇلجا ئىنقىلاۋى ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ قانخور ئالۋاستىلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

مېنىڭ يولدىشىم دەل شۇ قېتىمقى ئىنقىلاپتىن كېيىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. بىر ھەپتىلەردىن كېيىن خىتاي ساقچىلىرى ئۆيىمىزگە باستۇرۇپ كىرىپ، يولدىشىمنىڭ بىرمۇنچە كىتاپ - ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ كەتتى ۋە شۇ كۈنى مېنىمۇ قولغا ئالدى. سىز خىتاي جاللاتلىرىنىڭ تۈرمىسىنى كۆرگەنمۇ؟ قانخورلارنىڭ بىگۇناھ تۇتقۇن قىلغان مەھبۇسلارنى قانداق ئۇسۇل بىلەن قىينايدىغانلىقىنى ئويلىيالامسىز؟! مەن شۇ كۈنى غۇلجا شەھىرىدىكى بىر تۈرمىگە قامالدىم، مېنىڭ گۇناھىم مەشرەپكە قاتناشقانلىقىم بولدى. خىتاي گۇندىپايلىرىنىڭ ماڭا ياغدۇرغان ساناقسىز سوئال - سوراقلىرىغا بەرگەن جاۋابىم « مەشرەپ — بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتى، بۇنى سىلەرمۇ بىلىسىلەر، بىزنىڭ ئۇسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىشىمىز ئاساسى قانۇنلارنىڭ قايسى ماددىسىدا چەكلەنگەن؟ ». ئۇلار يولدىشىم توغرىسىدا نۇرغۇن سوئاللارنى سورىدى. مەن ھەقىقەتەنمۇ بۇ ھەقتە كۆپ نەرسىنى بىلمەيتتىم. مەن گۇندىپايلاردىن مېنى ئۇرماسلىقنى ئۆتۈندۈم، چۈنكى 6 ئايلىق بولغان نارسىدە يورۇق دۇنياغا كېلىش ئۈچۈن قورسىقىمدا تىنماي تېپىرلايتتى. مەن پەرزەنتىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۆپ يالۋۇردۇم، بۇ ئادىمىي ھايۋانلار مېنىڭ زارىمنى ھېچ بىر ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس. كېيىن بولغان ئىشلارنى ئەسلىيەلمەيمەن... ئېسىمگە كەلسەم ئۆزەمنى دوختۇرخانىدا كۆردۈم، مەن دوختۇرخانىدا بىر ھەپتىدەك ياتقاندىن كېيىن دادام مىڭ بىر مۇشەققەتلەردە يول مېڭىپ يۈرۈپ مېنى ۋاقىتلىق كېپىللىككە ئېلىپ چىقتى. ئۆيگە كەلسەم تۇققانلارنىڭ ھەممىسى مۇسىبەت كىيىمى كىيىۋاپتۇ. ئەھۋال ماڭا مەلۇم بولدى. تۈرمىدە گۇندىپايلار مېنى قاتتىق ئۇرۇپ قىيناپتۇ، 2 - كۈنى بويۇمدىن ئاجراپ كېتىپتىمەن... ساقچىلار ئامالسىز مېنى دوختۇرخانىغا قۇتقۇزۇشقا ئاپىرىپتۇ. يولدىشىم دەل شۇ كۈنى تۈرمىدە ساقچىلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ... كىممۇ بۇ دۇنيادا ئىناق ئائىلىسى بولۇشنى، بەختىيار ياشاشنى ئارزۇ قىلمايدۇ؟ مانا بۇ مېنىڭ كۆرگەن كۈنلىرىم. شۇ قېتىمقى « غۇلجا ئىنقىلاۋىدىن » كېيىن خىتاي جاللاتلىرىنىڭ قولىدا شېھىت بولغان ۋە ماڭا ئوخشاش زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئۇيغۇر - قىزلىرى ساناقسىز...

مەن شۇ يىلى يەنە بىر قېتىم ساقچىلار تەرىپىدىن تۈرمىگە قامالدىم، كېيىن ئىلاجسىزلىقتىن ئۆز ۋەتىنىمدىن ئايرىلىپ، ۋەتەنسىز بولۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

قانخور جاللاتلار تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە « غۇلجا ئىنقىلاۋى » غا چېتىشلىق دېگەن تۆھمەت بىلەن تۈرمىگە ئالغان ئۇيغۇر ياشلىرىنى قەتلىئام قىلىشنى ھېچ توختاتقىنى يوق. خىتاي قانخورلىرى تېخى يېقىندىلا يەنى 17 - ئۆكتەبىر كۈنى غۇلجا مەشرىپىنىڭ ئاساسلىق يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولغان قەھرىمان ئۇيغۇر پەرزەنتى ئابدۇخېلىل ئابدۇمجىتنى چاپچالدىكى سۇ تۈرمىسىدە قىيناپ ئۆلتۈردى، ئاھ! ۋاپاسىز دۇنيا! دۇنيانىڭ ئىگىسى يوقمۇ؟ بىزمۇ ئادەم ئىدۇققۇ؟ ۋاھالەنكى، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بىز ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي جاللاتلىرى ئالدىدا ھايۋانچىلىكمۇ قەدرىمىز يوق، ئەلۋەتتە بىز ھەرگىزمۇ خىتاي جاللاتلىرىدىن ئۆز قەدرىمىزنى تىلىمەيمىز، بەلكى مۇستەملىكىچىلەر بېسىۋالغان ۋەتىنىمىزنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن ئاداققىچە كۈرەش قىلىمىز. بۇ كۈرەش مۇستەملىكىچى مىللەت بىلەن مۇستەملىكە ئاستىدا قالغان مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ھايات - ماماتلىق كۈرەشتۇر.

قانخور ئالۋاستىلار خەلقىمىزنىڭ قېنىنى ئىچىۋاتىدۇ... ئالۋاستىلارنى ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىدىغان پەيت كەلدى... ئۇ ئالۋاستى بۈگۈنكى خىتاي ھۆكۈمرانلىرىدۇر.

مەن شۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىقتىن كېيىن ئەڭ يېقىن كىشىلىرىمدىن ئايرىلىپ قالغان بولساممۇ ھېچبىر ئۈمىتسىزلەنمىدىم. ئەكسىچە ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقىگە بولغان ئىشەنچىم، كۈرەش ئىرادەم ھەسسىلەپ ئاشتى. يولدىشىمنىڭ ماڭغان كۈرەش يولى ھەرگىز توختىمايدۇ، چۈنكى مەن ھايات، مېنىڭ ۋەتىنىم، مىللىتىم ئۈچۈن شېھىد بولغان يولدىشىم، دۇنياغا كۆز ئاچمىغان پەرزەنتىم ئۈچۈن خىتاي جاللاتلىرىدىن ئالىدىغان قىساسىم، ۋىجدانىي بۇرچۇم بار. مەن شۇ بۇرچۇمنى ئاقلاش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت كۈرەشكە تەييارمەن. ئاللاھ ماڭا مەدەت بەرگەي.

2000 - يىلى 22 - ئۆكتەبىر

( بېشى 5 - بەتتە )

دەرىجىدە چىرىكلىشىپ بولغۇنۇپ كەتكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ تۇرۇپتۇ.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا ھەر بىر مۇئەييەن دەۋر — مۇقەررەر ئۆتمۈشتۇر. مىللەت ئۈچۈن ۋە كېلەچەك ئەۋلات ئۈچۈن ئىجابىي تۆھپە قوشمىغان ھەر بىر شەخس — نەپرەتلىك ئۆتمۈشنىڭ ئاساسچىلىرىدۇر. شۇنداقلا ئەۋلاتلار ئالدىدا بوغۇلۇپ ئۆلۈۋېلىشقا تېگىشلىك، سىرىتماقىقا لايىق ئاسىيلاردۇر!

ئابدۇرېھىمجان
2000 - يىلى 5 - سىنتەبىر
گېرمانىيە

( بېشى 4 - بەتتە )

## « شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى » قۇرۇش

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، شىنجاڭدا ھازىر 17 مىليون نوپۇس بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 8 مىليونى ئۇيغۇر، 1 مىليونى قازاق، 150 مىڭى قىرغىز ئىكەن. خىتاي بولسا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 37 پىرسەنتىنى ئىگەللىگەن بولۇپ، تەخمىنەن 6 مىليون ئىكەن. بىراق « شىنجاڭ مۇستەقىللىق تەشكىلاتلىرى » نىڭ قارىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 15 مىليوندىن ئاز ئەمەس.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان زېمىننى باسقۇنچىلارنىڭ « شىنجاڭ » دەپ ئاتىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇلار جۇڭگو ئومۇمىي زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئىگەللىگەن بۇ زېمىننى « شەرقىي تۈركىستان » دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى « شىنجاڭ » دىگەن بۇ ئىسىم ئۇلارغا نىسبەتەن بىر خىل مەغلۇبىيەتتىن دېرەك بېرىدىغان « ھاقارەت » لىك ئىسىمدۇر.

1944 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن « شەرقىي تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى » قۇرۇلغان بولۇپ، 1949 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم قىلىشى بىلەن « شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى » قىسقىغىنە بەش يىلدىن كېيىن مەغلۇپ بولىدۇ. 1950 - يىلىدىن باشلاپ كوممۇنىستىك جۇڭگو ھاكىمىيىتى بۇرۇنقى پادىشالىق سۇلالىلەرگە ئوخشاش « كۆچمەن يۆتكەش » ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، « ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى » نى شىنجاڭغا يۆتكەپ كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان توقۇنۇش باشلىنىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا خىتاي ئازاتلىق ئارمىيەسىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ مەغلۇپ بولغان « شەرقىي تۈركىستان » لىقلار ئۆزلىرى بىلەن قېرىنداش بولغان مىللەت ياشاۋاتقان تۈركىيەگە بارىدۇ. يەنە ئازاتلىق ئارمىيەنىڭ قىستىشى بىلەن، 1962 - يىلى كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار خوشنا بولغان قازاقىستانغا چىقىپ كېتىدۇ. ھازىر قازاقىستاندا تەخمىنەن 300 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشايدۇ.

نۆۋەتتە چەتئەلگە چىققان ئۇيغۇرلار « شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى » قۇرۇش مەقسىتىدە تۈركىيەدە « ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت » قۇردى. بىراق ھەر يەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بەك چېچىلاڭغۇ. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان « شىنجاڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى » نىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە تېنچلىقنى ياقلايدىغان تىبەت مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى — قوراللىق كۈچنى ئاساسلىق ۋاستە قىلىش ۋە ئىچكى تاشقى بىرلىشىش. ھازىر شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بېشىنى قاتتىق ئاغرىتماقتا.

## ئېغىر بولغان مىللىي مەسىلە قوراللىق ۋەقەلەر يۈزبېرىشنىڭ سەۋەبى بولماقتا

ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇر مىللىتى، تۈرك تىلىغا يېقىن بولغان ئۇيغۇر تىلىنى ئاساسلىق تىل قىلغان بولۇپ، مەيلى تىل، تۇرمۇش - ئادەت، دىنىي ئېتىقادلاردا بولسۇن خىتايدىن مۇتلەق پەرقلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئارىسىدا دائىم بەزى توقۇنۇشلار بولۇپ تۇرىدۇ. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى بىر خىتاي قەشقەردە بىر قاسساپتىن گۆش ئالغاندا، ھەر بىر پارچە گۆشنى قولى بىلەن مۇجۇقلىغىنى ئۈچۈن پاكىزلىقنى ياخشى كۆرىدىغان ئۇيغۇر قاسساپنىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ. نەتىجىدە قاسساپ ئاچچىقىغا پايلىماي بۇ خىتاينى بوغۇزلاپ تاشلايدۇ. كېيىن ساقچىلار بۇ قاسساپنى ئېتىپ تاشلايدۇ.

ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلاشقانلار، ئۇيغۇرلارنى « كۆڭلىدە يامان نىيىتى يوق، ئاچچىغى بىلەن خوشلۇغى ئېنىق مىللەت » دەپ قارايدۇ. مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ئۇيغۇر ئەمەلدار مۇنداق دەپ قارايدۇ: « خىتايلار ئۇيغۇرلارنى كۆزگە ئىلماسلىق بىلەن پەخىرلىنىدىغان، دائىم چوشقا گۆشىنىڭ پارىڭىنى قىلىدىغان غەيرىي بىر مىللەت ».

ئۇندىن باشقا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئىشسىزلىق ئەھۋالىنىڭ ئېغىر بولۇشى، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى. قەشقەر شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە خىزمەت قىلىۋاتقان بىر ئۇيغۇر ياش كادىرنىڭ ئېيتىشىچە ، قەشقەردە ھەر يىلى 6000 ئۇيغۇر ياش تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ياكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرىدىكەن. بىراق ئاران يېرىمى خىزمەت تاپالايدىكەن. بۇ كادىر مۇنداق دەيدۇ: « ئىشسىزلارنىڭ 90% ئۇيغۇر بولۇپ، مەكتەپ پۈتتۈرگەن خىتايلارنىڭ خىزمەت تېپىشىدا مۇتلەق مەسىلە يوق ». نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى باققاللىق، دوللارچىلىق قىلىش ۋە ئىشىككە قاراشتەك تۆۋەن قاتلامدىكى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن.

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن دىنىي پائالىيەتلەرنى چەكلەش سىياسىتى ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق قارشىلىغىنى قوزغىدى. غۇلجا ۋەقەسىدىن كېيىن ھۆكۈمەت تىزىمغا ئالمىغان مەسچىتلەرنى قاتتىق چەكلەپ، سېزىلگەن ھامان تارقىتىۋەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەت يەرلىك دىنىي مەكتەپلەرنى چەكلەپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشىنى مەنئى قىلدى. دىنىي زاتلارنىڭ يېشى ۋە سالاھىيىتىگە چەكلىمە قويىدى . پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇشىنى قاتتىق چەكلىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل كەمسىتىلىشى ۋە ئۆزلىرىنىڭ خىتايلار بىلەن بولغان پەرق تۇيغۇسى كەلتۈرۈپ چىقارغان « مىللىي ئىنكاس » ئۇلار ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاستىدا ئېغىر مەيۈسلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن قانلىق ۋەقەلەر ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەت خىتايلارنى شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇيغۇرلانىڭ نوپۇس زىچلىغىنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى قوللاندى. 1950 - يىلى ۋاڭجېن باشچىلىغىدىكى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيەسى شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىدى. ۋاڭجېن « شىنجاڭ پادىشاسى » دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنى باشقۇرۇش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ھەربى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدىكى مۇستەقىللىق ھەركىتىنى قاتتىق قوللۇق بىلەن باستۇرۇپ كەلدى. بىراق ۋاڭجېن شىنجاڭدىكى بىرقىسىم شەھەرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەلۇم تۆھپىلەرنىمۇ قوشتى. ئۇ قوماندانلىق قىلغان ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى شىنجاڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى باستۇرش بىلەن بىرگە خىتايلارنى شىنجاڭغا كۆپلەپ ئېلىپ كەلدى.

مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، دىڭشياۋپىڭنىڭ « ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش » چاقىرىغى بىلەن ئىككىنچى تۈركۈمدىكى خىتايكۆچمەنلىرى شىنجاڭنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ كېلىشكە باشلىدى. يېقىندا جۇڭگو ھۆكۈمىتى سەنشيا سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان خىتايلارنى كۆپلەپ شىنجاڭغا كۆچۈرۈپ، شىنجاڭدىكى خىتايلارنىڭ نوپۇسىنى تېخىمۇ كۆپەيتىۋەتتى. 1949 - يىلى شىنجاڭدا ئارانلا 300 مىڭ خىتاي بار ئىدى. ئەمما ھازىر 6 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىغا كىرگىنىڭىزدە، ئەگەر كوچىدىكى مىللىيچە كېينىۋالغان پۇخرالارغا سەل دىققەت قىلمىسىڭىز، شىنجاڭنىڭ مەركىزى بولغان ۋە 1 مىليون 400 مىڭ نوپۇسى بار بۇ شەھەرنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شەھەرلەردىن ھېچقانداق پەرقى يوقلىغىنى ھېس قىلىسىز. ئۇيغۇرلاردىكى خىتالارنىڭ كۆپلەپ كۆچۈپ كېلىشىگە بولغان قاراش، ئەندىشە قىلىشتىن تەدرىجى ھالدا نەپرەتلىنىشكە ئايلاندى. بۇ خىل نەپرەت شىنجاڭدىكى خىتاي نوپۇسىنىڭ شىنجاڭ ئومومى نوپۇسىنىڭ % 50 گە يېقىنلىششى بىلەن تېخىمۇ كۈچەيمەكتە.

خىتايلارنىڭ ئۆزلىرىنى « ئەجدىھانىڭ ئەۋلادى » دىگىنىگە ئوخشاش، ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزلىرىنى « بۆرىنىڭ ئەۋلادى » دىيىشىدۇ. ئۇلار غەلىبىنى « V » شەكىللىك قول ئىشارىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى باش بارماق، ئوتتۇرا بارماق ۋە نامسىز بارماقلارنى جۈپلەپ، كىچىك بارماق بىلەن كۆرسەتكۈچ بارماقنى ئېچىپ، بۆرىنىڭ شەكلىنى چىقىرىپ ئىپادىلەيدۇ.

( داۋامى كېيىنكى ساندا )



ئابدۇللا تۇمەن ۋە قەيسەرى شەھىرىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بىر ئارىدا. ( 1970 - يىلى )

# تۈركىيەنىڭ قەيسەرى شەھىرىدىكى « شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى » نىڭ يېڭى بىنا ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى





مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن، ھۈسەيىن قارى ئىسلامى، قۇتلۇغجان بايقۇزى ( مەرھۇم مەسئۇد سەبرى بايقۇزىنىڭ ئوغلى ) ۋە قەيسەرى شەھىرىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بىر ئارىدا. ( 1970 - يىلى )

ئۆز خەۋىرىمىز: قەيسەرى شەھىرىدىكى « شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى » نىڭ يېڭى بىنا ئىچىدىكى رېمونت قىلىنغاندىن كېيىن 14 - ئۆكتەبىر كۈنى تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، رەسمىي ئىش باشلىدى. مۇراسىمغا تەكلىپكە بىنائەن « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » رەئىسى ئەنۋەرجان، پەخرىي رەئىسى گېنېرال مۇھەممەت رىزا بېكىن، قەيسەرى شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى، تۈركىيە « مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسى »، « توغرا يول پارتىيەسى » ۋە « پەزىلەت پارتىيەسى » قەيسەرى شۆبىلىرىنىڭ رەئىسلىرى قاتارلىقلار قاتناشتى. تۈركىيە « مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسى » نىڭ رەئىسى دۆلەت باغچەلى ۋە بىر قانچە مىنىستىر، پارلامېنت ئەزالىرى « شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى » نىڭ يېڭى بىنا ئورنىنىڭ قايتىدىن ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەپ، ئالاھىدە تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. مۇراسىم مىللىي قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجاننىڭ تەبرىك سۆزى بىلەن باشلاندى. ئەنۋەرجان ئۆز سۆزىدە تۈركىيە خەلقىگە، جۈملىدىن قەيسەرى خەلقىگە شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق داۋاسىنى ئىزچىل قوللاپ كەلگەنلىكى، شۇنداقلا قەيسەرى شەھىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا كۆپ غەمخورلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە رەھمەت ئېيتتى.





ئەنۋەرجان ئۆز سۆزىدە يەنە، ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئەپەندىمنىڭ غەيرىتى ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرى سۇلايمان دېمىرەلنىڭ زور كۈچ چىقىرىشى ھەمدە تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1965 - يىلى 230 كىشى، 1967 - يىلى 70 كىشى بولۇپ جەمى 300 نەپەر ئۇيغۇرنى ئافغانىستاندىن تۈركىيەگە ئېلىپ كېلىپ قەيسەرى شەھرىگە ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا ھەر جەھەتتىن ياردەم قىلغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈپ، خەلقىمىز نامىدىن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىگە ۋە خەلقىگە ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

ئەينى يىللاردا قەيسەرى شەھرىگە ئېلىپ كېلىنگەن بۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن دوكتۇرلار، ئىنژېنېرلار، مىليونېرلار، ژۇرنالىستلار ۋە باشقا تۈرلۈك ساھەلەردە زامانىۋى كەسپىي خادىملار يېتىشىپ چىقتى. كۆپچىلىك ياشلار مىللىي ۋە دىنىي تەلىم - تەربىيە بىلەن ئۆسۈپ يېتىلمەكتە. قەيسەرىدىكى « شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى » نىڭ ھازىرقى رەھبەرلىك ھەيئىتى ۋە تەنپەرۋەر، قابىلىيەتلىك، ئىلغار ياشلاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇلار « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي قۇرۇلتايىنى ۋەتەن مۇستەقىللىق كۈرىشىدىكى ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان دەپ تونۇپ، ئۇنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ۋە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قۇرۇلتاي تەركىبىگە كىرىدىغانلىقىنى ھەمدە مىللىي بىرلىكىمىزنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچ چىقىرىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.





گېزىتىمىزنىڭ ساھىبى قۇرۇلتاي نامىدىن:
ئەنۋەرجان
مەسئۇل مۇھەررىر:
پەرھات مۇھەممىدى
تەھرىرلەر: تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن
ئۇيغۇر ئەزىزى
مونتاژ : ئۆمەرجان شاھيارى
كورىكتور: ئۇچقۇن قەشقىرى

تەھرىرھەيئەت ئەزالىرى:
ھاجى ياقۇپ (تۈركىيە)
ئابلىكىم باقى (تۈركىيە)
سىدىقھاجى رۇزى (ئامېرىكا)
ئەخمەت ئىگەمبەردى (ئاۋستىرالىيە)
سېيىتجان قەيسەر (ئۆزبەكىستان)
توختاخۇن ئەركىن (سەئۇدى ئەرەبىستان)
ئەسقەرجان (گېرمانىيە)
قەھرىمان غوجامبەردى (قازاقىستان)
سابىت ئابدۇراخمان ( قازاقىستان )

گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەۋقەسى ئاپتورلىرىمىزغا ئائىتتۇر، گېزىتىمىزگە ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ، ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخبارات - ئۇچۇرلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

ياردەم بېرىشنى خالىغان ۋەتەنداشلىرىمىز ئۈچۈن بانكا ھېساپ نومۇرىمىز:
Ostturkistanische
(Uighurischer)
National Kongress
Deutsche Bank
Konto Nr: 2009207
BLZ:70070024

ئادرېسىمىز:
Ostturkistanischer
(Uigurischer)
National Kongress
Landwehrstr. 17
80336 Munchen
Germany
Tel:
0049 89 55 86 99 86
178 35 25
Fax:
0049 89 55 86 99 87
178 35 25